# 22959 ـ رامزاننىڭ كۈندۈزدە مەقەت يولىدىن ئوكۇل سالدۇرۇش ياكى سۈيۈقلۇق ماڭدۇرۇش روزىنى بۇزامدۇ؟

**سۇئال**

روزىدار بىمارنىڭ كۈندۈزدە مەقەت يولىدىن ئوكۇل سالدۇرشى ياكى سۈيۈقلۇق ماڭدۇرۇشىنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالالاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

چوڭ تەرەت كەلمىگەن ياكى ئىچى قىتىپ قالغان بىمارلارنىڭ رامزاننىڭ كۈندۈزدە مەقەت يولىدىن ئوكۇل سالدۇرشى ياكى سۈيۈقلۇق ماڭدۇرشى بىلەن روزا بۇزۇلامدۇ؟ دىگەن مەسىلىدە، ئالىملارنىڭ قارشى ئوخشاش ئەمەس: بەزى ئالىملار ئىنسانىنىڭ ئىچىگە كىرگەن ھەر قانداق نەرسە بىلەن روزا بۇزۇلىدۇ دىگەن قائىدىگە ئاساسەن روزا بۇزۇلىدۇ دەيدۇ، يەنە بەزى ئالىملار بۇ يەيدىغان ۋە ئىچىدىغان نەرسە ئەمەس ۋە ئۇنىڭ مەنىسىدىكى نەرسىمۇ ئەمەس بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ دەيدۇ. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھمۇ روزا بۇزۇلمايدۇ دىگەن.

مىنىڭ قارشىمچە: بۇ مەسىلىدە دوختۇرلارنىڭ پىكرىگە قارايمىز، ئەگەر دوختۇرلار بۇ يىمەك-ئىچمەككە ئوخشاش دىسە، بۇنى يىمەك-ئىچمەكنىڭ ھۆكمىگە قاتىمىز شۇنىڭ بىلەن روزىسى بۇزۇلىدۇ، ئەگەر دوختۇرلار بۇ نەرسە بەدەنگە يىمەك-ئىچمەك بەرگەن ئوزۇقلۇق-كۈچ بەرمەيدۇ دىسە، ئۇ ۋاقىتتا بۇنىڭ بىلەن روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.